ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىككى يىغىنغا نەزەر

# بۇ يىل «خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدىكى ئون چوڭ ئەمەلىي ئىش» بېكىتىلدى

## دىققەتنى خەلق تۇرمۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈش

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **يۈ شى** خەۋەر قىلىدۇ: شەھەر ئاھالىلىرىدىن خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت ئەمەلىي ئىش توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئاشكارا توپلاش ئاساسىدا، 99 مىڭ 36 پىكىر ـ تەكلىپ ئىچىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت 2021 ـ يىللىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدىكى ئون چوڭ ئەمەلىي ئىشنى بېكىتكەن. مۇخبىر بۇنى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېچىلغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنىدىن ئىگىلىدى.

ئون چوڭ ئەمەلىي ئىش ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى قۇرۇلۇشى، كوچىلارنى تۈزەش قۇرۇلۇشى، ھاجەتخانا ئىنقىلابى قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىگىلىك تىكلەشكە يۆلەك بولۇش قۇرۇلۇشى، مەھەللىلەرنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش قۇرۇلۇشى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى، بىۋاسىتە سېتىپ خەلققە قولايلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلىرىنىڭ پۇختا ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، يولغا قويۇش لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مەبلەغ مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يولغا قويۇش قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى رەتكە سېلىپ، ھەربىر تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىش، پۇختا قىلىش ۋە ئۈنۈمدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇدا ئۈچىنچى يىلى قانات يايدۇرغان خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلىرىنى ئاشكارا توپلاش پائالىيىتى ئىكەن، توپلاش مەزمۇنى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجتىمائىي كاپالەت، مۇھىتنى قوغداش، سەھىيە ـ ساغلاملىق، شەھەر قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش، شەھەر قاتنىشى، تۇرالغۇ كاپالىتى، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، نامراتلارنى يۆلەش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك، ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت قاتارلىق 17 تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ يىل جەمئىي 99 مىڭ 36 پارچە پىكىر ـ تەكلىپ توپلىنىپ، بۇلتۇرقى 21 مىڭ 234 پارچىدىن تەخمىنەن 3.6 ھەسسە ئېشىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قاتنىشىش نىسبىتى، تاپشۇرغان پىكىر ـ تەكلىپ سانى بىردەك زور دەرىجىدە ئاشقان. ئىستاتىستىكا قىلىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاس قىلغان، كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسى يۇقىرى، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان ئورتاق مەسىلىلەرگە قارىتا، بىر ـ بىرلەپ رەتلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 2021 ـ يىللىق «خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدىكى ئون چوڭ ئەمەلىي ئىش» ئىلمىي بېكىتىلگەن.

ئۇلانما

## خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدىكى ئون چوڭ ئەمەلىي ئىش

### ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى قۇرۇلۇشى

ئاممىۋى ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىدىن 10 مىڭنى يېڭىدىن كۆپەيتىپ، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىنى باشقۇرۇش، تىجارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاقىل ئاپتوموبىل توختىتىش ئەندىزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كونا شەھەر رايونى، كونا ئولتۇراق رايون، سودا چەمبىرىكى، دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىق رايونلاردا ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىش پىلانلاندى

### كوچىلارنى تۈزەش قۇرۇلۇشى

پۈتۈن شەھەردىكى 2938 تارماق يول (كوچا)غا قارىتا كوچىلارنى تۈزەش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، شەھەر مەمۇرىيىتى ئەسلىھەلىرى تەكشى بولماسلىق، يول يۈزى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇش، مۇھىت تازىلىقى پاكىز بولماسلىق، يول چىراغ ـ يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى كونىراپ كېتىش، كەمچىل بولۇش، لىنىيە تورى قېلىپلاشمىغان بولۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش پىلانلاندى. مەھەللە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىدە «كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كوچىلارنى تۈزەش ۋە لىنىيە بويىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇش خىزمىتى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىلىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى يانداش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەھەللە، كوچا مۇھىتى دەرىجىسىنى سىجىل ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇندۇ

### ھاجەتخانا ئىنقىلابى قۇرۇلۇشى

مۇھىت ئاسراش ھاجەتخانىلىرى مۇۋاپىق كۆپەيتىلىدۇ. ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ بەلگە، كۆرسەتمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇھىت ئاسرايدىغان ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ ئېچىلىشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ تولۇق ئېچىلىشى، ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى، مۇھىتىنىڭ پاكىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلققە قولاي ساقچى پونكىتى، مېھمانخانا (مېھمانساراي)، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى تور نۇقتىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاجەتخانىلارنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى، ئاممىغا يەنىمۇ قولايلىق شارائىت يارىتىلىدۇ

### ئاممىۋى قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسىدىن 28نى ئەلالاشتۇرۇپ تەڭشەپ، يېڭىدىن سەككىز لىنىيە ئېچىپ، 48 بېكەت تەسىس قىلىپ، يېڭىدىن يەتتە ئاممىۋى قاتناش باش ۋە ئاخىرقى بېكىتى، توختىتىش ـ ئاسراش مەيدانى قۇرۇپ، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى سېتىۋېلىپ تولۇقلاپ، پۈتۈن يىلدا باش ۋە ئاخىرقى بېكەتتە ئۈچ نۆۋەتچى ئاپتوبۇسنىڭ دەل ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتىنى %98كە يەتكۈزۈش پىلانلاندى

### ئىگىلىك تىكلەشكە يۆلەك بولۇش قۇرۇلۇشى

ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالغا سىلجىتىلىپ، پۈتۈن يىلدا يېڭىدىن 6000 كىشىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 15 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇندۇ

### مەھەللىلەرنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش قۇرۇلۇشى

94 مەھەللىنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئەسلىھەسىنى يېڭىدىن قۇرۇپ (ئۆزگەرتىپ)، ئىجتىمائىيلاشقان تىجارەت نىسبىتىنى %70تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈپ، ئاساسىي ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ۋە ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش پىلانلاندى

### ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى «دەرھال بېجىرىش، توردا بېجىرىش، يېقىن ئەتراپتا بېجىرىش، بىر قېتىمدىلا بېجىرىش»قا تۈرتكە بولۇنۇپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»، «ئەڭ تېز بولغاندا بىر قېتىم يەتكۈزۈش» مۇلازىمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ. يىل ئىچىدە بىر گەۋدىلەشكەن توردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۈپىتىنى پۈتۈن شەھەردىكى بارلىق باشقۇرۇش كومىتېتلىرى (كوچا، يېزا ـ بازار) ۋە مەھەللە (كەنت)لەردە ئىشلىتىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلىي ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سورۇنلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

### مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى

يۇلتۇز دەرىجىلىك مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتى بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مۈلۈك مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ جەمئىيەت ئىناۋەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى، ئىناۋەت دەرىجىسى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مۇناسىپ باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇش سۈپىتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ

### بىۋاسىتە سېتىپ خەلققە قولايلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى

يېڭىدىن 120 مەھەللە كۆكتات بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسى، خەلققە قولايلىق كالا ـ قوي گۆشىنى بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسى ھەمدە مەھەللە كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىنىڭ باھاغا چەك قويۇشنى ئىجرا قىلغان ئاپتوماتىك كۆكتات سېتىش ماشىنىسىنى يېڭىدىن تەسىس قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرى، ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش پىلانلاندى

### ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش قۇرۇلۇشى

مەيدان ـ سارايلارنى ئېچىۋېتىش، يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدان (مەيدان ـ ساراي)لىرىنى ئېچىۋېتىش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇنۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى، ئاممىنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ؛ «تەنتەربىيە ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش كارتىسى» تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەنتەربىيە چېنىقىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە ئىستېمالى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ؛ ئىش ئارىلىقى (ئىشتىن بۇرۇن) گىمناستىكىسى ۋە كۈندىلىك بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرى كېڭەيتىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مۇسابىقە پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا پائال يېتەكلىنىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

مۇداپىئە كۆرسەتمىسى

# ئاممىۋى سورۇنلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇنداق ئىشلەش كېرەك

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **چاۋ جىن، سۇ لۇپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، ئاممىۋى سورۇنلاردا يۇقۇمنىڭ قانداق ئالدىنى ئېلىش كېرەك؟ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار يىغىن داۋامىدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟ مۇخبىرلار ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى دېزىنفېكسىيەلەش ـ يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ياڭ خۇڭسەينى زىيارەت قىلدى.

«خادىملارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.» ياڭ خۇڭسەي مۇنداق دېدى: ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرىپ چىقىدىغان خادىملارغا قارىتا يۈرۈش كودى، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئادەم سانىنى كونترول قىلىپ، ئىمكانقەدەر تور يىغىنى ياكى سىن يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 50تىن ئارتۇق ئادەم پائالىيەت قىلغاندا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئالاقىدار ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ياڭ خۇڭسەي مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: مۇھىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھاۋانىڭ ساپلىقىنى ساقلاش كېرەك. يىغىن زالى ياكى باشقا ئاممىۋى رايونلاردا تەبىئىي ھاۋا ئالماشتۇرۇش ياكى ھاۋا ئالماشتۇرغۇچ ئورنىتىش قاتارلىق مېخانىكىلىق ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، زال ئىچى ھاۋاسىنىڭ ئالمىشىشىنى ساقلاپ، ھاۋانىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىغا، ساپلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ھەر كۈنى ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچ قېتىمدىن كەم بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر مەركەزلىك ھاۋا تەڭشىگۈچ ئىشلىتىلسە، ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئايلىنىش جەريانىدا ئەڭ چوڭ يېڭى شامال مىقدارى بويىچە ئايلاندۇرۇش، شامال يەتكۈزۈش ئېغىزى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى قەرەللىك تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەش ياكى ئالماشتۇرۇش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاممىۋى رايونلارنى تازىلاش ۋە دېزىنفېكسىيەلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىشىك تۇتقۇچى، لىفت كۇنۇپكىسى قاتارلىق قول كۆپ ئۇچرىشىدىغان نەرسىلەرنىڭ يۈزىنى قەرەللىك سۈرتۈپ دېزىنفېكسىيەلەش كېرەك، ھاجەتخانا ياكى يەر يۈزىنى پۈركۈپ دېزىنفېكسىيەلەشكە بولىدۇ، دېزىنفېكسىيەلىگەندە ھەر لىتىرىدا 250mgدىن 500mgغىچە ئۈنۈملۈك خىلور بولغان خىلور تەركىبلىك دېزىنفېكسىيە دورىسىنى تاللاپ ئىشلىتىش ھەم ياخشى خاتىرە قالدۇرۇش كېرەك.

ياڭ خۇڭسەي مۇنداق دېدى: قول تازىلىقىنى ياخشى قىلىش كېرەك. بارلىق رايونلارنىڭ كىرىش ئېغىزى، ھەربىر قەۋەتنىڭ پەلەمپەي ئېغىزىغا يۇيۇۋېتىش ھاجەتسىز دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى سەپلەپ، ئاممىۋى ھاجەتخانىلارغا قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ياكى يۇيۇۋېتىش ھاجەتسىز دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى سەپلەپ، كىرىپ چىقىدىغان خادىملارنىڭ ھەر ۋاقىت ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىنلەش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇقتىدا سىناق قىلىنغاندىن كېيىن، كەنتتىكى 955 كەنت ئاھالىسى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىغان ئائىلە دوختۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇلبۇلگۈل داۋالاش ئۆيىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىشىم ئىمزالىغان نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدىكىلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېسەل كۆرۈش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى.

«قان بېسىمىڭىز يەنىلا سەل يۇقىرىكەن، دورىنى ۋاقتىدا يەڭ، تۇزنى ئاز ئىستېمال قىلىڭ.» 77 ياشلىق ئاشىبىن قويشىباي بوۋاينىڭ ئۆيىدە ئائىلە زىيارىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بۇلبۇلگۈل يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان تاختا كومپيۇتېرنى ئېچىپ، زىيارەت ئۇچۇرلىرىنى كىرگۈزدى ۋە بوۋايغا دورا يېزىپ بەردى. «ھازىر دوختۇرلار ئۆيىمىزگە كېلىپ كېسەل كۆرىدۇ، ھەقىقەتەن بەك ياخشى بولدى» دېدى ئاشىبىن.

ئائىلە دوختۇرى بىلەن «ساغلاملىق باشقۇرۇش مۇلازىمەت كېلىشىمى» ئىمزالىغاندىن بۇيان، داۋالاش ئۆيى ئاشىبىنغا ساغلاملىق ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، ساغلاملىقىنى باھالاپ، ساغلاملىق پىلانى تۈزۈپ بېرىپلا قالماي، ئۇنى يەنە ئۆيىگە بېرىپ تەكشۈرۈش مۇلازىمىتى ۋە يىلدا بىر قېتىم سالامەتلىك تەكشۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاشىبىن بۇ مۇلازىمەتلەردىن بەھرىمەن بولدى، بىر پۇڭمۇ چىقىم قىلمىدى. بۇرچىن ناھىيەلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ كادىرى جاۋ يىنخۇا مۇنداق دېدى: ناھىيەمىزنىڭ ئائىلە دوختۇرى كېلىشىملىك مۇلازىمىتى خىزمىتىدە ئاساسلىقى ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت تۈرىگە تايىنىپ، ئاممىغا ھەقسىز ئۆيىگە بېرىپ تەكشۈرۈش، ساغلاملىق تەربىيەسى بېرىش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

«ئائىلە دوختۇرى تۈزۈمى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشكە قولايلىق يارىتىپلا قالماي، يەنە دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاشنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.» جاۋ يىنخۇا مۇنداق دېدى: بۇنداق قىلغاندا داۋالاش بايلىقىنى ئىمكانقەدەر تېجەپلا قالماي، يەنە ئاممىنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەرقلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، بۇرچىن ناھىيەسىدە 65 ئائىلە دوختۇرى كوللېكتىپى قۇرۇلدى، 233 تېببىي خادىم كېلىشىملىك مۇلازىمەتكە قاتنىشىپ، يان تېلېفون APPسى، ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى ئارقىلىق كىملىك سۈرۈش، ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە ئىككى كارتا تۈزۈمى بويىچە كېلىشىم ئىمزالاش شەكلى ئارقىلىق ھەر يىلى كېلىشىم ئىمزالاپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئائىلە دوختۇرى كېلىشىمى ئالاقە كارتىسى چاپلىدى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە 42 مىڭ 936 كىشى ئائىلە دوختۇرى كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدىكىلەر 20 مىڭ 725 كىشى بولۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدىكىلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش نىسبىتى %100كە، ئادەتتىكى كىشىلەر توپىدىكىلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش نىسبىتى %43.67كە يەتتى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، بۇرچىن ناھىيەسى 389 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك داۋالاش ـ سەھىيە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. «ھازىر كەنت داۋالاش ئۆيىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى، بىر گەۋدىلەشكەن سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، قان شېكىرىنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى، بالىلار بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش تارازىسى قاتارلىق ئۆيىگە بېرىپ تەكشۈرگەندە ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر تولۇق، يەنە دىياگنوز قويۇش ئۆيى، كۆزىتىش ئۆيى، دورىخانا، داۋالاش ئۆيى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى» دېدى بۇلبۇلگۈل.

قىزىلتوغاي كەنتى داۋالاش ئۆيىنىڭ دورىخانىسىدا، جازىدىكى دورىلارنىڭ تۈرى 105 خىلغا يېتىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى قان بېسىم دورىسىلا 20 خىل، قەنت كېسىلى دورىلىرى بەش خىل بولۇپ، كەنت دەرىجىلىك داۋالاش ئۆيىمۇ ناھىيە دەرىجىلىك داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپتۇ. كەنت ئاھالىلىرى كەنتتە دورا سېتىۋالسا، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىكى تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن.

جاۋ يىنخۇا مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، بۇرچىن ناھىيەسى داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاشنى ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ئائىلە دوختۇرلىرى كوللېكتىپىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، يىراقتىن كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇش، رېنتگېن نەتىجىسىنى مەركەزلىك كۆرۈش قاتارلىقلارنى ئالغا سىلجىتىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى يېقىن ئەتراپتا ئەلا مۇلازىمەتتىن بەھرىلەندۈردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2 ـ نۆۋەتلىك يەر ھۆددىگەرلىكى مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە 30 يىل ئۇزارتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بىزنى خاتىرجەم قىلدى. كەلگۈسى بەش يىلدا، بىز تۆت كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشقا يېتەكلەپ، سۈپەتلىك يەم ـ خەشەك قىلىنىدىغان ئوت ـ چۆپ تېرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، يېڭى نەسىللەرنى كىرگۈزۈپ يېتىشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى كۆلەملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆپچىلىكنى قىلىدىغان ئىشى بولۇش، تاپىدىغان پۇلى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

**(ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاۋ چۈنخۇا رەتلىگەن)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)